# شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتى  新疆日报

2021 - يىل 2 - ئاي
22
دۈشەنبە
维吾尔文 2 月22日
25340 - سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلىدى  مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەملىك نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65–0002/–W  پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57  تىيانشان تورى: www.ts.cn


## 2021 - يىللىق مەركەزنىڭ 1 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ئېلان قىلىندى

# يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار خۇ لۇ، يۈ ۋېنجىڭ) 21 - ئەسىردىن بۇيانقى 18 - قېتىملىق «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان مەركەزنىڭ 1 - نومۇرلۇق ھۆججىتى 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شىنخۇا ئاگېنتلىقى بىرلىگەن ھوقۇقدا ئاساسەن ئېلان قىلىندى.

بۇ ھۆججەتنىڭ تېمىسى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى پىكرى» بولۇپ، تولۇق تېكىستى جەمئىي بەش بۆلەكتىن تەركىب تاپقان، بۇ: ئومۇمىي تەلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈتۈكلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا - كەنتلەرنى

(ئاخىرى 2 - بەتتە)


ئوقۇش يېتەكچىسى

خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى ماقالىسى

### پۈتۈن پارتىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى مەركەزلىك قانات يايدۇرۇش دەل ۋاقتىدا بولدى، ئىنتايىن زۆرۈر

— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

3 - بەتتە


# يولداش شى جىنپىڭنىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخى توغرىسىدا» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت، ماتېرىيال تەتقىقات يۈرتى تەھرىرلىگەن يولداش شى جىنپىڭنىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخى توغرىسىدا» ناملىق كىتابى يېقىندا مەركىزىي ھۆججەت، ماتېرىيال نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتتە تارقىتىلدى.

بۇ مەخسۇس تېمىلىق ئەسەرلەر توپلىمىغا يولداش شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخى توغرىسىدىكى مۇھىم قول يازمىسىدىن 40 پارچىسى كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم قول يازمىلار تۇنجى قېتىم ئاشكارا ئېلان قىلىنىدى.

تارىخ ئەڭ ياخشى دەرسلىك. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخىنى چۆرىدەپ بىر قاتار مۇھىم بايانلارنى ئېلان قىلىپ، پارتىيەمىزنىڭ جۇڭگو خەلقىنى ئىنتىلىپ قانات يايدۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

100 يىللىق كۈرەش يولى يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنى، مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 18 - قېتىملىق يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىدىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى يۇقىرى ئۆلچەمدە، يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن پارتىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، «ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش لايىھەسى» قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر شەرھلەپ بايان قىلىپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە خىزمەت تەلىپىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىگە قارىتا ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەرلىك ۋە ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، بىزنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇشىمىز ئۈچۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش، ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىدىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى يۇقىرى ئۆلچەمدە، يۇقىرى سۈپەتلىك ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش نەتىجە - ئۈنۈمىنى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان خىزمەتتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە نەتىجە - ئۈنۈمگە ئايلاندۇرۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

بىرىنچىدىن، ئىدىيەۋى تونۇشنى ئۆستۈرۈش كېرەك. پۈتۈن پارتىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىر ئىكەنلىكىنى، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت تارىخىي ئۇلۇغ ئىشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى ئىكەنلىكىنى، ئېتىقاد، ئەقىدىنى چىڭىتىپ، يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى ئىكەنلىكىنى، پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنىڭ ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلاشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى مەركەز 6 - كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ قايتما ئىنكاس پىكرىگە ئاساسەن تۈزىتىش خىزمىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى

## چېن چۈەنگو سۆز قىلدى

شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى  شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ قاتناشتى

ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى مەركەز 6 - كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ قايتما ئىنكاس پىكرىگە ئاساسەن تۈزىتىش خىزمىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتنىشىپ مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ۋە كۆزىتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى قەتئىي زىممىگە ئېلىپ، كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشنى قاتتىق، پۇختا، ياخشى تۇتۇپ، «كېيىنكى باسقۇچتىكى ئىشلار»نى كۆزىتىشنى ئەستايىدىل ياخشى قىلىپ، شىنجاڭ خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەننىڭ جېڭۋېيىسى ۋاڭ جۈنجېڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مەركەز 6 - كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ قايتما ئىنكاس پىكرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بويىچە تۈزىتىش لايىھەسى ھەم تۈزىتىش تەدبىرى توغرىسىدا ئىزاھات بەردى.

چېن چۈەنگو سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كۆزىتىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ بىر قاتار مۇھىم سۆز قىلىپ، بىر قاتار مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، بىزنىڭ كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇشىمىز ئۈچۈن تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# تارىختىن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچ قوبۇل قىلىمىز

## — باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى

□ ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى

پارتىيەنىڭ 100 يىللىق تارىخى قاينام - تاشقىنلىققا، رەھىدارلىققا تولغان بولۇپ، قۇدرەتلىك كۈچ ۋە چەكسىز ئەقىل - پاراسەتكە تولغان. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى.

كۆپچىلىك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە ۋەزىيەت ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەنگەن، نەزەر دائىرە كەڭ، ئىدىيە چوڭقۇر بولۇپ، بۇ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىدە پۈتۈن پارتىيەگە سۆزلەنگەن بىر قېتىملىق جانلىق پارتىيە دەرسى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى تۈپ مىزان قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تارىخنى ئۆرنەك قىلىپ، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، تارىختىن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچ قوبۇل قىلىپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىمىز ۋە سەۋىيەمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈچ قوشىمىز.

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 100 يىللىق پارتىيە تارىخى باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىپ، ئۈزلۈكسىز شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتقان تارىخ، بىز ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز كېرەك.» ئاپتونوم رايونلۇق جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش - باشقۇرۇش نازارىتى

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# دۆڭمەھەللە كەنتىدىكى تەدرىجىي ئۆزگىرىش

□ ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى جىڭ بو

«پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتى مېنى ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈردى» دېدى بېيش باشلامچىسى سەمەت تۇرسۇن.

«مەن بىر كەنت ئاھالىسىدىن كەنت كادىرىغا ئايلاندىم» دېدى كەنت ئاياللار مۇدىرى رەيھانگۈل ماموت.

«پۈتۈن كەنت بويىچە 756 كىشى مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتى» دېدى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ۋەن سۇلىي.

«كەنتنىڭ ماڭا ئىشىنىپ، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش مۇنچىسنى مېنىڭ باشقۇرۇشۇمغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىگە رەھمەت» دېدى نامراتلىقتىن قۇتۇلغان مېيىپ ئاھالە ئوسمان قادىر ھاياجانلانغان ھالدا.

2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ ئاناكۆل يېزىسى دۆڭمەھەللە كەنتىدىكى «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ كونا - يېڭى ئەترەت ئەزالىرى، كەنت كادىرلىرى، ياردەم بېرىۋاتقان - يۆلەۋاتقان كادىرلار ۋەكىللىرى، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلىلەر ۋە ئامما ۋەكىللىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، «نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، يېڭى پەللىگە جاسارەت بىلەن ئاتلىنىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈتۈكلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە نەزەر سېلىش» باش تېما پائالىيىتىنى ئۆتكۈزدى. كۆپچىلىكنىڭ چىن قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان سۆزلىرى دۆڭمەھەللە كەنتىنىڭ بۇ بىرنەچچە يىلدىكى ئۆزگىرىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسى «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغاندىن بۇيان، دۆڭمەھەللە كەنتىدە يىلدا بىر ئۆزگىرىش،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)


نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈتۈكلىگە ھۇجۇم قىلىشنى قايتا زىيارەت قىلىش

تەھرىر ئىزاھاتى

ئىلگىرىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىغا نەزەر سالساق، خۇشاللىق ئىچىدە كونا قىياپەتنىڭ يېڭى تۈسكە كىرگەنلىكىنى كۆرىمىز. گېزىتىمىز بۈگۈندىن باشلاپ «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈتۈكلىگە ھۇجۇم قىلىشنى قايتا زىيارەت قىلىش» ئىستونىنى ئېچىپ، مۇخبىرلارنىڭ كەنتلەرگە بېرىپ، ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىپ يازغان خەۋەرلىرىنى ئېلان قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىنكى يېڭى قىياپىتىنى، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش يېڭى ئەمەلىيىتىنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە نامايان قىلىپ، شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈتۈكلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى مول نەتىجىلىرىگە ئورتاق گۇۋاھ بولىدۇ.




2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، بىڭتۇەن 1 - شىسى 10 - تۇەننىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى پارنىك ياسىماقتا. تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ، بۇ تۇەندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھاۋا ئوچۇق كۆنلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، 10 مىڭ مولۇق مېۋە - چېۋە، كۆكتات بازىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلەتتى.

□ ۋاڭ جىچېڭ فوتوسى